بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

35- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

## بۇلاقتىن تامچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئالتىنچى، ھاكاۋۇرلۇق، رىياخورلۇق ۋە ھەددىدىن ئېشىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش. «يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى)گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن توسىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 47- ئايەت).

مانا بۇ تەلىمات — جەڭگە چىققاندا ھاكاۋۇرلۇق قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىن مەغرۇرلانغان ۋە اللە ئاتا قىلغان كۈچ-قۇۋۋەت نېئمىتىنى اللە خالىمايدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلغان ھالدا جەڭگە چىقىشتىن مۇئمىنلەر گۇرۇھىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۇلارغا بېرىلگەن مەڭگۈلۈك كۆرسەتمىدۇر.

مۇئمىنلەر گۇرۇھى پەقەت اللە يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈنلا چىقىدۇ، يەنى ئۇلار ئىنسانلار ھاياتىدا اللە نىڭ ئىلاھلىق (يەنى قۇلچىلىق قىلىنىش) ھوقۇقىنى ۋە بەندىلەرنىڭ پەقەت يەككە اللە قىلا قۇلچىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈنلا جەڭگە چىقىدۇ؛ ئۇلار اللە نىڭ بەندىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ۋە اللە نىڭ ئىزنىسىز يەر يۈزىدە اللە نىڭ ئىلاھلىق سۈپىتى بولغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان تاغۇتلارنى گۇمران قىلىش ئۈچۈنلا جەڭگە چىقىدۇ؛ ئۇلار ئىنسانلارنى اللە نىڭ غەيرىگە قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى خار قىلىدىغان بۇ خىل رەزىللىكتىن ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنى يەر يۈزىدە ئېلان قىلىش ئۈچۈنلا جەڭگە چىقىدۇ؛ ئۇلار كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىش، ئۇلارنى قۇل قىلىش ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئەنە شۇنداق رەزىل ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈنلا جەڭگە چىقىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار شۇ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىدىن پۈتۈنلەي خالىي ھالدا جىھادقا چىقىدۇ شۇڭا مۇئمىن گۇرۇھ اللە قا ئىتائەت قىلىشنى ھەقىقىي ئەمەللەشتۇرگەندىلا نۇسرەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. اللە قا ئىتائەت قىلىش دېگەندە — اللە نىڭ جىھاد بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشۇش، تۇرمۇشتا اللە نىڭ مەنھەجى (يەنى ئۆلچىمى ياكى قانۇنى)نى بەرپا قىلىش، يەر يۈزىدە اللە نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ۋە شۇنىڭدىن كېيىن اللە نىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى، ھەتتاكى جەڭدىن كېيىنكى اللە نىڭ پەزلى جۈملىسىدىن بولغان غەنىيمەتلەرنى كۆزلەش… دېگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ...

ھەقىقەتەن (بۇ ئايەتتىكى) ھاكاۋۇرلۇق قىلغان، رىياخورلۇق قىلغان ۋە اللە نىڭ يولىدىن توسقان ھالدا جەڭگە چىقىش كۆرۈنۈشى مۇسۇلمان گۇرۇھىنىڭ ئالدىدا نامايەن بولدى. ئۇلار بۇ خىل كۆرۈنۈشنى قۇرەيشنىڭ جەڭگە چىقىش قىياپىتىدىن كۆرۈۋېلىشتى. بۇ خىل كۆرۈنۈشتە جەڭگە چىقىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەم مۇئمىن گۇرۇھىنىڭ ئالدىدا نامايەن بولدى. بۇ ئاقىۋەت بولسىمۇ قۇرەيشلەرنىڭ ئاشۇ كۈندىكى اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى بىلەن قارشىلاشقان ھالدىكى تەكەببۇرلۇق ۋە پەخىرلىنىش تۈپەيلىدىن ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرى بولۇپ، ھەتتا شۇ كۈننىڭ ئاخىرىدا قۇرەيشلەر ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت ۋە خارلىق بىلەن شەرمەندىلەرچە قايتتى... اللە مۇسۇلمان گۇرۇھقا كۈچلۈك ئىلھام ۋە تەسىرگە ئىگە بولغان ئىشلارنى خۇددى كۆز ئالدىدىكىدەك ئەسلەتتى: «يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى)گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن توسىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 47- ئايەت).

ھاكاۋۇرلۇق، رىياخورلۇق (يەنى مەنمەنچىلىك، ئۆزىنى نامايەن قىلىشقا ئامراق بولۇش) ۋە اللە نىڭ يولىدىن توسۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەبۇ جەھلىنىڭ سۆزىدە ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەبۇ سۇفيان كارۋاننى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئەبۇ جەھىلگە: «قوشۇننى مەككىگە قايتۇرۇپ ئەكەتكىن چۈنكى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا ئېھتىياج قالمىدى» دەپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. قۇرەيش بۇ چاغدا ناخشىچىلىرى ۋە داپلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىشقان ۋە تۆگىلىرىنى سويۇپ يېيىشكەن ھالدا جەڭگە چىقىشقان ئىدى. شۇ چاغدا ئەبۇ جەھىل ئەبۇ سۇفيانغا جاۋاب بېرىپ: «ياق! اللە بىلەن قەسەمكى، بىز بەدرگە كىرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆگىلەرنى بوغۇزلاپ، كىشىلەرگە تائام تارقىتىپ، ھاراق ئىچىپ ۋە ناخشىچى قىزلار بىلەن نەغمە-ناۋا قىلىپ پۈتۈن ئەرەبلەرنى بىزدىن مەڭگۈ ئەيمىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتمىگىچە ھەرگىزمۇ قايتمايمىز» دېدى. ئەلچى ئەبۇ سۇفيانغا ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەندە، ئەبۇ سۇفيان: «ئاھ! ئىسسىت قەۋمىم، مانا بۇ ئەمىر ئىبنى ھىشام (يەنى ئەبۇ جەھىل)نىڭ قىلغان قىلىقى، ئۇ قايتىپ كېتىشنى راۋا كۆرمىدى چۈنكى ئۇ كىشىلەرگە باشلىق بولۇۋېلىپ ھەددىدىن ئاشتى، ھەددىدىن ئېشىش بولسا شۇملۇق ۋە ئاپەتنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئەگەر مۇھەممەد قوشۇنىمىزغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا بىزنى خار قىلماي قالمايدۇ!» دېدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ پاراستى توغرا چىققان ئىدى. مۇھەممەد ﷺ ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. مۇشرىكلار بولسا ھاكاۋۇرلۇق، ھەددىدىن ئېشىش، رىياخورلۇق ۋە اللە نىڭ يولىدىن توسۇش قاتارلىق رەزىل ئەخلاقلار سەۋەبىدىن خار بولۇشتى. بەدر جېڭى ئۇلارنىڭ بىلىنى سۇندۇردى: «اللە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر»...

ئۇلارنىڭ ھېچ ئىشى اللە تىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ھېچبىر نەرسە اللە نى ئاجىز قىلالمايدۇ. اللە ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ھەرقانداق پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ قەۋمىگە خاس ئەۋەتىلگەن بولسا، مۇھەممەد ﷺ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى، بۇنىڭغا اللە تعالى نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى گۇۋاھتۇر: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ» (سۈرە سەبەئ 28- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، ئۇلۇغ اللە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ نى ئوچۇق-ئاشكارا مۆجىزىلەر ۋە روشەن پاكىتلار بىلەن كۈچلەندۈردى. شۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە بۈيۈك مۆجىزە ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم بولۇپ، اللە بۇ كىتاب ئارقىلىق دۇنيادىكى تىلى ئەڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك ۋە سۆزگە ئەڭ ئۇستا بولغان ئەرەب مىللىتىنى مۇشۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىپ دوئىلغا چۈشۈشكە چاقىرغان. ئۇلار ھەتتا بىر سۈرە كەلتۈرۈشكىمۇ قادىر بولالمىغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇنداق ئەڭ چوڭ مۆجىزە دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن باشقا مۆجىزىلەر ماددىي ۋە ھېسسىي مۆجىزىلەر بولۇپ (مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىغا ئوخشاش)، بۇ مۆجىزىلەر شۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ئەمما قۇرئان كەرىم بولسا مەنىۋىي مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى ئەبەدىي داۋام قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ مۆجىزە بولسا ئىسرا (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېچىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەسجىدۇل ھەرامدىن مەسجىدۇل ئەقساغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى) ۋە مىراج (يەنى مەسجىدۇل ئەقسادىن يەتتىنچى ئاسمانغا قەدەر ئېلىپ چىقىلغانلىقى) مۆجىزىسىدۇر.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىسرا قىلدۇرۇلغانلىقى قۇرئاندا ئوچۇق تېكىست بىلەن كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ «اللە (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئىسرا 1- ئايەت).

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

❁❁❁❁❁❁❁❁❁

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَجُلٌ لِلنَّبِيِّ ﷺ يَوْمَ أُحُدٍ: أَرَأَيْتَ إِنْ قُتِلْتُ فَأَيْنَ أَنَا؟ قَالَ: «فِي الْجَنَّةِ» فَأَلْقَى تَمَرَاتٍ كُنَّ فِي يَدِهِ، ثُمَّ قَاتَلَ حَتَّى قُتِلَ. (متفق عليه).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

جابىر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد كۈنى بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: <(ئى رەسۇلۇللاھ) ئەگەر مەن (بۇ جەڭدە) ئۆلتۈرۈلسەم قەيەردە بولىمەن؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <جەننەتتە (بولىسەن)> دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى كىشى دەرھال قولىدىكى خورمىلارنى تاشلاپ جەڭگە كىرىپ كەتتى-دە، تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، ساھابىلارنىڭ ئىشلارنى ۋە مەسىلىلەرنى بىلىشكە ئىنتايىن ھېرىس ۋە قىزغىن ئىكەنلىكى. يۇقىرىقى ھەدىستە بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال سورىدى. پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال سورىۋېلىش ساھابىلەرنىڭ ئادىتى ئىدى چۈنكى ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىلىم ۋە ئەمەلنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەيتتى. شەرىئەت ئىلىمگە ئالىم كىشىگە نىسبەتەن ئىلىم اللە نىڭ بىر نېئمىتى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ شۇ ئىلىمغا ئەمەل قىلىشى اللە نىڭ يەنە بىر نېئمىتىدۇر شۇڭا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن شەرئىي ھۆكۈملەرنى سورىغاندا شۇ ھۆكۈم ۋە ئىلىمگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن سورايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر شەرئىي ئەھكاملار توغرىسىدا سوئال سورىشىدۇ لېكىن جاۋابقا (يەنى ئىلىمگە) ئېرىشكەندە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماستىن بەلكى ئۇنى دەرھال كەينىگە تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىلىم ئىگىلەشتىن كۆزلەيدىغىنى پەقەت قۇرۇق نەزەرىيىۋى بىلىم (يەنى ئەمەلدىن خالىي ئىلىم ۋە مەرىپەت)لەرنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت. مانا بۇ — ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق زىيانكارلىقتۇر چۈنكى ئىلىمغا ئېرىشىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەن كىشىدىن، جاھىل (يەنى نادان، بىلىمسىز) كىشى ئەۋزەلراقتۇر («شرح رياض الصالحين» 1- توم 368- بەت).

ئىككىنچى، ساھابىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى كېچىكتۈرمەستىن ئورۇنلاشقا دەرھال ئالدىرايدىغانلىقى. بۇنداق قىلىش ساھابىلەرنىڭ ئادىتىدۇر شۇڭا ساھابىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىززەتنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەقتە باشقا يەنە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، شۇلاردىن بىرى: پەيغەمبەر ﷺ ھېيت كۈنى خۇتبە سۆزلىدى. ئاندىن خۇتبىدىن چۈشۈپ، ئاياللارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغىمۇ خۇتبە سۆزلىدى. خۇتبىسىدە ئاياللارنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاياللارنىڭ بىرى دەرھال ئۆزىنىڭ ھالقا ۋە ئۈزۈكلىرىنى بىلال رضي الله عنه نىڭ كىيىمىگە تاشلاشقا باشلىدى، بىلال رضي الله عنه بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەردى. دېمەك، ئايال ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرۈپ ئۆيىگە بارغاندا سەدىقە قىلماستىن بەلكى نەق مەيداندىلا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چاقىرىقىنى ئىجرا قىلىپ، يېنىدىكى زىبۇ-زىننەتلىرىنى سەدىقە قىلدى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ئۈچىنچى، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ جەننەتتە بولىدىغانلىقى. ئۇنداقتا، قانداق كىشى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ؟

جاۋاب: قىزىققانلىق قىلىپ ياكى باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ ۋە ياكى داڭق چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇرۇش قىلماستىن بەلكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ھېسابلىنىدۇ. قىزىققانلىق قىلىش دېگەندىن مەقسەت — ئۆزىنىڭ مىللىتىگە ياكى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، دوستلىرىغا ۋە ياكى ئۆزىنىڭ گۇرۇھىغا يان باسقانلىقتىن قېنى قىزىقلىق قىلىپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ جەننەت بىلەن بىشارەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقىلارنى «پالانى كىشى شەھىد» ياكى «پالانى كىشى جەننەتتە بولىدۇ» دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىۋېتىش دۇرۇس ئەمەس. ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلاردىن مۇئەييەن كىشىنى «پالانى كىشى جەزمەن شەھىد» دەۋەتمەستىن بەلكى «پالانى كىشىنى شەھىد دەپ گۇمان قىلىمىز» ياكى «پالانى كىشى شەھىد بوپتۇ، الله شاھادىتىنى قوبۇل قىلغاي» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش دۇرۇستۇر چۈنكى غەنىيمەتتىن ئوغرىلىغان بىر كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، ساھابىلەر ئۇنى «شەھىد» دېگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ كىشى ئۇلىغىنى غەنىيمەتتىن ئوغرىلىغان مال ئارقىلىق جابدۇغان» دەپ، ئۇ كىشىنى «شەھىد» دەپ ئاتاشتىن ساھابىلارنى توسقان.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

مۇناپىقلارنىڭ رەھبىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆزىنىڭ مۇناپىقلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد، مېنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىم (يەنى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى)غا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ!». رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا دەماللىققا جاۋاب بەرمەي يۈزىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالدى. ئىبنى ئۇبەي سۆزىنى يەنە قايتا تەكرارلىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يۈزىنى يەنە بۇرۇۋالدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يانچۇقىغا قولىنى تىققانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «مېنى قويۇۋەت!» دەپ غەزەپلەندى، ھەتتا ئەتراپتىكىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىدە غەزەپ ئالامەتلىرىنى كۆرۈشتى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «خەپ سېنى، مېنى قويۇۋەت!» دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: «ياق! الله بىلەن قەسەمكى، مېنى ئەرەب ۋە ئەجەملەردىن ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان، 400 نەپەر دۇبۇلغىلىق ۋە 300 نەپەر دۇبۇلغىسىز قوشۇنغا ئىگە ئىتتىپاقداشلىرىمغا ئېھسان قىلمىغۇچە سېنى قويۇۋەتمەيمەن چۈنكى مەن ئايلىنىپ تۇرىدىغان مۇسىبەتلەردىن ئەنسىرەيدىغان كىشى (يەنى بۇ ئىتتىپاقداشلار مېنى تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەردىن ھىمايە قىلىپ كەلگەن، ئەگەر سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ مېنى ھىمايە قىلىدىغان كىشى تاپالمايمەن)» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىسلام كەلتۈرگىلى بىر ئايچە بولغان بۇ مۇناپىققا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى)نى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن خوشنا بولۇپ مەدىنىدە بىللە تۇرماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شامنىڭ ئەزرۇئا (يەنى ھازىرقى دەرئا) دېگەن يېرىگە چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ جايغا ئورۇنلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆپچىلىكى ئۆلۈپ تۈگىدى.

بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۆيلىرى بەقىئ قەبرىستانلىقى تەرەپتىن پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى («إنها النبوة» دېگەن كىتابنىڭ 328- بېتىدىن ئېلىندى).

## يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، ئىسلامنىڭ مۇناپىقلارغا بولغان مۇئامىلىسى — زاھىرىي كۆرۈنۈش ئاساسىدا ۋە مۇسۇلمان دېگەن ھۆكۈم ئاساسىدا قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېنى، مېلى ۋە كاپىرلارغا بەرگەن كېپىللىكى قوغدىلىدۇ چۈنكى ئۇلار ئىسلامنى ئىزھار قىلغان (يەنى ئىسلامنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن كۇفرىلىقىنى مۇسۇلمانلارغا ئاشكارا قىلماستىن مەخپىي تۇتقان شۇڭا ئۇلاردىن ئىسلامنى بۇزۇدىغان كۆرۈنۈش ئېنىق سادىر بولمىغۇچە مۇسۇلمانچىلىق كۆرۈنۈشىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ).

ئىككىنچى، ئىنساندا ئىككى يۈز بولىدۇ: بىرى، زاھىرىي يۈز (يەنى سىرتقى كۆرۈنۈش) بولۇپ، بىز ئىنسانلار شۇ زاھىرىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز؛ ئىككىنچىسى، باتىنى يۈز (يەنى ئىچكى سىرلار) بولۇپ، بۇنىڭدىن الله ئۆزى ھېساب ئالىدۇ.

دۇنيا ئەھكاملىرىدا، يەنى قازىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ باھاسىدا زاھىرىي تەرىپىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئاخىرەت ئەھكاملىرىدا بولسا الله ئىنساننىڭ باتىنى يۈزى (يەنى ئىچكى سىرلىرى)گە قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن دوست بولۇش ھارام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان دوستلۇق بار ۋە دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان گۇناھ بولىدىغان دوستلۇقمۇ بار. ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش شۇكى، كۆزىمىزگە دوستلۇقتەك كۆرۈنىدىغان لېكىن شەرىئەت ھۆكۈمىدە دوستلۇق ھېسابلانماستىن بەلكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشمايۋاتقان كاپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە شەرىئەتكە زىت بولمىغان كېلىشىملەرنى تۈزۈش دېگەندەك ئىشلار بولسا شەرىئەتتە چەكلەنگەن «كاپىرلارنى دوست تۇتۇش» جۈملىسىدىن ئەمەستۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىققا يەھۇدىيلار توغرىسىدا ياخشى مۇئامىلە قىلدى).

تۆتىنچى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه ئوتتۇرىسىدىكى پەرق — بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ، ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپتە تۇرۇپ يەھۇدىي ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئادا-جۇدا بولدى لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: «كەلگۈسىدە مۇسۇلمانىنىڭ دۆلىتى قولدىن كېتىپ قالسا يەھۇدىيلاردىن خاپىلىق كۆرەرمەنمۇ!؟» دەپ ئەنسىرەپ ئۇلاردىن تەلتۆكۈس ئادا-جۇدا بولمىدى. مانا بۇ — ئىسلامدىكى ئەلۋەلا (يەنى مۇئمىنلەر تەرەپتە تۇرۇش) ۋەلبەرا (يەنى كاپىرلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش) كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بەشىنچى، دۈشمەننى مۇھاسىرە قىلىش ئۇسلۇبى — رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىغا قارشى ئىشلەتكەن يېگى بىر ئۇسلۇب بولۇپ، ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلىش 15 كۈن داۋاملاشقان. بۇ ئۇسلۇبنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش ئالاھىدە ئۇنۇمگە ئىگىدۇر.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەدرىسىدە تەربىيىلەنگەن ساھابىلەرنىڭ ئەدەپلىك ئىكەنلىكى. چۈنكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە قىلغان يۇقىرىقى مۇئامىلىسى سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يامان گۇماندا بولمىغان.

يەتتىنچى، ئەمىر-مەسئۇللار مۇناسىپ ئورۇنلاردا مۇسۇلمان جامائەتلەر ئىچىدىكى بەزى مۇخالىپ پىكىردە بولغان جامائەت مەسئۇللىرىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان تەلەپلىرىنى بېجىرىپ بەرگەندە، مۇسۇلمان جەمئىيەت ۋە مۇسۇلمان دۆلەتنىڭ بىرلىك سەپى تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقى.

سەككىزىنچى، مۇسۇلمان قوماندانىنىڭ جىھاد سائەتلىرىدە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى جىھادنىڭ ئالدىنقى سېپىگە قويىدىغانلىقى. چۈنكى، بىر ئەسكەر بىلەن يەنە بىر ئەسكەرنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ جەڭگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ جەڭ گۇرۇپپىسىنىڭ بايرىقىنى ۋە مەسئۇللۇقىنى ئۆزىنىڭ تاغىسى ھەمزە رضي الله عنه غا تۇتقۇزغان.

توققۇزىنچى، بىر گۇناھكار يەنە بىر گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى شۇنداقلا ھەر قايسى گۇرۇھلار ۋە قەبىلىلەر ئۆزلىرى ئىشلىگەن جىنايەتكە يارىشا مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ قىلغان جىنايىتى سەۋەبلىك باشقا يەھۇدىي قەبىلىلىرى جاۋابكارلىققا تارتىلمىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# تارىخقا نەزەر



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئىبازىي خاۋارىجلىرىنىڭ يەنە بىر ئىمامى (يەنى «خەلىپە»سى) مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ئەففان ئەزدى بولۇپ، ئۇممانلىقلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بىرلىككە كەلدى لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئاخىرىدا چەكتىن ئاشقانلىقىنى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ھىجرىيە 179- يىلى ئۇنى ئىماملىق (يەنى ئاتالمىش «خەلىپە»لىك) مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۆزلىرىگە ۋارىس ئىبنى كەئب خارۇسى دېگەن بىرسىنى ئىماملىققا تەيىنلىدى. ۋارىس ئىبنى كەئب ئۇلارغا ياخشى تەسىر قالدۇردى، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى، ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئابباسىي خىلاپەت ئارمىيىسىگە ئۇرۇش ئاچتى. بۇ ئارمىيىگە خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ تاغىسى ئەيسا ئىبنى جەئفەر قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، بۇ جەڭدە ۋارىس غەلىبە قىلىپ، ئەيسانى ئەسىرگە ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن ۋارىسنىڭ ئەجىلى توشۇپ، ئابباسىي خىلاپىتىنىڭ تۈرمىسىدىكى خاۋارىجلارنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ۋاقتىدا سەل بېسىپ كېلىپ سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۇممانغا بولغان سۇلتانلىقى ھىجرىيە 192- يىلىغا قەدەر داۋاملاشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇممانىدىكى ئىبازىيلار غەسسان ئىبنى ئابدۇللاھقا بەيئەت قىلدى. غەسسان كەسكىن ۋە كۈچلۈك كىشى بولۇپ، ئىسيانلارنى تىنجىتتى ۋە ئۇممان يۇرتلىرىنى ئەمىنلىككە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئۇممان مەلۇم دەرىجىدە گۈللەندى، ھەتتاكى ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ھىندىستانغىچە كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەستىن ھىجرىيە 207- يىلى ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبازىيلار ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھەمىد ئەزدى دېگەن ئىمامىغا بەيئەت قىلىشتى. ئابدۇلمەلىكمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش ئىبازىيلار ئىچىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 226- يىلى ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەننا ئىبنى جىيفىر يەھمەدى خارۇسى ئىماملىققا تاللىنىپ، ئىبازىيلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئۆز دەۋرىدە ئۇممان يۇرتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە گۈللەندۈردى. ئۇ خۇددى ئىبازىي مولللىرى سۈپەتلىگەندەك ھەيۋەتلىك، كەسكىن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەجلىسىدە ھېچكىم سۆز قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ زور كۆلەمدىكى قۇرۇقلۇق قوشۇنى ۋە كۈچلۈك دەرىجىدىكى دېڭىز قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئاخىرى ئۇ ھىجرىيە 238- يىلى ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇممان ئىبازىيلىرى ئۆزىگە سەلت ئىبنى مالىك خارۇسىنى ئىماملىققا سايلىدى. ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە ھەبەشىستاننىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ھەبەشلەر سەقتارى ئارىلىنى ئىشغال قىلىپ، سەلتىنىڭ ئۇلارغا قويغان ۋالىيسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش خەلىپە سەلت بىر قوشۇن تەشكىللەپ، يۈزدىن ئارتۇق كېمىگە ئىگە بىر دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقىپ ھەبەشلەر بىلەن جەڭ قىلدى، جەڭدە ئاتالمىش خەلىپە سەلت غەلىبە قىلدى. ھەبەشلەر مەغلۇپ بولۇپ سەقتارى ئارىلىنى ئاتالمىش خەلىپە سەلتكە تاشلاپ بەردى. سەلتىنىڭ مەنسەپتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇممان ئىبازىيلىرى ئۇنىڭ مەنسەپتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇ مەنسەپتىن چۈشۈپ، ھىجرىيە 273- يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئاددىي كىشى بولۇپ ياشىدى.

ئۇ مەنسەپتىن چۈشكەندىن كېيىن راشىد ئىبنى نەزەر يەھمەدى خارۇسى ئاتالمىش خەلىپىلىك مەنسىپىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئەدنانىلىقلار بىلەن يەمەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق قەبىلىۋازلىق مەيدانغا كەلدى. ھەتتاكى قەبىلىۋازلىق كۈچىيىپ راشىد ئىبنى نەزەر قەبىلىۋازلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى چۈنكى ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى ئۇنى يوقاتماقچى بولغان لېكىن رىقابەتچىلىرىگە قارشى رەۋزە جېڭى دەپ ئاتىلىدىغان جەڭدە ئۇ رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ تۆت يىل مەنسەپتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى ھىجرىيە 280- يىلى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلانغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن 277- يىلى ئازان ئىبنى تەمىم خارۇسى مەنسەپكە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆكتىچىلەرگە قارشى قاتتىق جەڭ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى مەغلۇپ بولغان رەقىبلىرى ئابباسىيە خەلىپىسى مۇئتەدىدتىن ئازانغا قارشى ياردەم سورىغان. بۇ ئابباسىيلار ئۈچۈن ئۇممانىنى فەتھ قىلىپ خىلاپەت قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشتە ئالتۇن پۇرسەت بولغان. شۇنىڭ بىلەن، مۇئتەدىد ئۆزىنىڭ ۋالىيسى مۇھەممەد ئىبنى بورنى ئۇممانىنى فەتھ قىلىشقا بۇيرۇپ، 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا سالغان. ئۇممان ئەھلى بۇ زور قوشۇننىڭ خەۋىرىنى بىلگەن ۋاقتىدا قورقۇپ، ئاتالمىش خەلىپىسى ئازاندىن قېچىپ، ئازاننى ئۆزىنىڭ ئازغىنە قالدۇق قوشۇنلىرى بىلەن تاشلاپ كېتىشكەن. ئازان خىلاپەت ئارمىيىسىگە قارشى جەڭ قىلغان بولۇپ، بۇ جەڭ ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇنىڭ بىلەن ئىبازىي خاۋارىجلىرىنىڭ ئاتالمىش خىلاپىتى ھىجرىيە 280- يىلىدىن تارتىپ 320- يىلىغىچە قەدەر 40 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

1979- يىلى سوۋېت ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن ئازراق كېيىن، ئۇلار ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايونلارنى قاتتىق باشقۇردى. ئۇلار بەدەخشاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن زىباك (Zebak)، ئىشكەشىم ۋە ۋاخان رايونىنىڭ باشقا جايلىرىغا ھەربىي بازىلارنى قۇردى. سەرھەد ۋە ئۇستۇنكى زارتىغار (Zartgar) كۆلىنىڭ ياقىسىدىكى بىروغىل جىلغىسىغا ئىنتايىن كۈچلۈك ھەربىي پوستلارنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە چاترالغا ئۆتىدىغان ئۆتۈشمىنى باشقۇردى. ۋاخان تاجىكىستاننىڭ بىخەتەرلىك قوغدىنىش دائىرىسىگە مەقسەتلىك قېتىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇجاھىدلارنىڭ بۇ يەرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارالىشى ئوڭاي ئەمەس ئىدى. بىروغىل (Broghil) ياكى ۋاغجىر ئۆتۈشمىسى پاكىستاندىن قورال يۆتكەيدىغان مۇھىم ئۆتۈشمە بولۇپ باقمىغان. شاھسالىم ياكى گارىمچەشمە يولى چاترالدىن قورال يۆتكەيدىغان مۇھىم ئۆتۈشمە بولغان. پەنجشىردىكى ئەھمەدشاھ مەسئۇد بۇ يەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قورال يۆتكىگەن، سوۋېتنىڭ زىباكتىكى كۈچلۈك بازىسىغا قارىماي شاھسالىم ناھايىتى ياخشى بىر يولغا ئايلانغان.




سوۋېتنىڭ بۇ رايونلارنى قاتتىق باشقۇرۇشى ياۋايى ھايۋانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان چۈنكى 1980- يىلىدىن باشلاپ 1989- يىلىغىچە داۋاملاشقان سوۋېت تاجاۋۇزچىلىق مەزگىلىدە سەرھەدى بىروغىل رايونىدا سوۋېتنىڭ ھەربىي كۈچى كۈچلۈك بولسىمۇ بىراق ئۇلار ئەسكەرلەرگە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئىجازەت بەرمىگەن ھەتتا ئوۋچىلار رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى مۇجاھىدلار دەپ خاتا گۇمان قىلىپ ئېتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئوۋچىلىق قىلالمىغان.

يۇقىرىقى ھالەت سوۋېت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دوكتور نەجىبۇللاھ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتلاردا ئۆزگەرگەن. بۇ رايونلاردىكى ياۋايى ھايۋانلار ئاھالىلەر رايونىغا بۇرۇنقىدەك يېقىنلاشمايدىغان بولغان.

سوۋېت قەلئەيىپەنجە بىلەن سەرھەدنىڭ ئارىلىقىدىكى رايونلارغا تۆمۈر كۆۋرۈكلەرنى ياساپ بەردى. ئۇ كۆۋرۈكلەر سىست (Syst)، سارگاز (Sargaz)، كىيرىت (Kyryt) ۋە روكۇت (Rookut)لاردا ھازىرغىچە بار.

پەنج دەرياسىدا ئافغانىستان بىلەن تاجىكىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلەر بار. بۇ كۆۋرۈكلەر ئىشكەشىم ۋە پىرىپ دېگەن ئورۇنلارغا جايلاشقان. ئۇ يەر ھازىر رۇس قوراللىرى بىلەن قوراللانغان چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ قوغدىشى ئاستىدا بولۇپ، ئۇلار قانۇنسىز ئۆتكەنلەرنى ئېتىۋېتىش بىلەن داڭق چىقارغان. ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولغان باشقا چېگرا يوللىرى بولۇپ، ئۇلار زور كۆلى ۋە شىمالىي چېگرانىڭ ئەڭ شەرقىدىكى نۇقتىلاردۇر، بۇ چېگرا بۆلەكلىرى رۇسلار تەرىپىدىن ياسالغان چېگرا توسۇقلىرى بىلەن توسۇلغان، بۇ ئۆتۈش نۇقتىلىرى قاتتىق قوغدىلىدۇ. گەرچە بۇ نۇقتىلار تاقالغان بولسىمۇ، ئىشكەشىمدىكى كۆۋرۈكتىن ۋىزا ۋە رەسمىيەتلەر بىلەن ئۆتكەن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ چېگرالاردىن ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بار. 2002- يىلى 9- ئايدا ئىشكەشىمنىڭ 40 كىلومېتىر تۆۋەن ئېقىنى تەرەپكە، يەنى تاجىكىستاندىكى خورۇگ بىلەن ئافغانىستاندىكى شىغناننىڭ ئارىسىغا يېڭى بىر كۆۋرۈك سېلىندى. ئاغاخان پروگراممىسىنىڭ پىلانى ئاستىدىكى باشقا چېگرا نۇقتىلىرىنىڭ ئېچىلىشى مەسىلىھەت ئىچىدە تۇرماقتا.

پاكىستانغا چېگرىلىنىدىغان جەنۇبىي چېگرالاردا تاغ قاپتاللىرى ۋە ئېقىنلار بار. بۇ جايلار پاكىستاننىڭ گىلگىت ۋە چاترال رايونلىرىغا تەۋە. بۇ يەردە يەنە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ شەرقى ئۇچىدىن شەكىللەنگەن قاتمۇقات چوققىلار ۋە مۇزلۇقلاردىن تۈزۈلگەن تۈمشۇقلار بار. بۇ تۈمشۇقلاردا پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان چېگراسى بار.

تۆۋەنكى ۋاخان رايونى قىش پەسلىدە قار سەۋەبىدىن ئۇزۇن ۋاقىت تاقىلىپ قالىدۇ. بۇ جىلغا تاغ تىزمىسىنىڭ ئېگىز يەرلىرىدە شامال ئۆتۈشتۈرىدىغان شامال يولىنىڭ رولىنى ئويناپ بېرىدۇ.

ۋاخان دەرياسى شىغىللاردىن تۈزۈلگەن تۈزلەڭلىكتىكى ئېگىز مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.


(ۋاخان ۋە پامىر دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇش ئورنى)


(ۋاخان جىلغىسى)

ۋاخان دەرياسى چاقماقتىن كۆلىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. پامىر دەرياسى بىلەن پەنج دەرياسىنىڭ قوشمىسىدىن يەنى قەلئەيىپەنجىنىڭ غەربىدىن تاكى سەرھەد مەھەللىسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغىچە ھەممىسى قوشۇلۇپ پامىرى كالان ياكى پامىرى بۇزۇرۇگ (يەنى چوڭ پامىر) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىن ۋاخان دەريالىرىنىڭ ئېقىنلىرى شەكىللەنگەن. چوڭ پامىرنىڭ غەربىدىن تاكى شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغىچە بولغان رايونلار قوشۇلۇپ پامىرى خورد (يەنى كىچىك پامىر) دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋاخان رايونىدىكى ئۆتۈشمىلەر تىزىملىكى

ۋاغجىر داۋان — Waghjir Dawan، تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 'N 37°05، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 74°29؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىر.

ئەھۋالى: 6- ئايدىن باشلاپ 9- ئايغىچە پىيادە ۋە ئۇلاغلىق مېڭىشقا بولىدۇ، ئۆتۈشمىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ يەر شەكلى ئېگىز-پەس.

مىنتاكا داۋان — Mintaka Dawan، قوشۇمچە ئىسمى: Mingteke Dawan، ئۇيغۇرچىسى: مىڭتېكە داۋان، تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك '37°01 N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق '50° 74 E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4690 مېتىر.

ئەھۋالى: قار ياغقان ياكى ئېرىگەن ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا پىيادە ياكى ئۇلاغلىق مېڭىشقا بولىدۇ. بۇ ئۆتۈشمە شەرقىي تۈركىستان بىلەن ھونزا جىلغىسى ئارىسىدىكى قەدىمقى سودا يولى بولۇپ، ھازىرمۇ «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كىلىك داۋان — Kilik Dawan، تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 'N 37°04، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 74°31؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4755 مېتىر.

ئەھۋالى: 6- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قېلىن قار بىلەن قاپلىنىدۇ، ھايۋانلار بۇ يەردىن كۆپ چىقىپ قارلار ئېرىشىدىن بۇرۇن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. بۇ ئۆتۈشمىدىن ئۆتۈش مىنتىكا ئۆتۈشمىسىدىن ئۆتكەنگە قارىغاندا ئاسان لېكىن يول ئۇزۇن ۋە بۇ ئۆتۈشمە ئاسان ئېتىلىپ قالىدۇ.

ئىرشاد ئۇۋۇن ئۆتۈشمىسى — Irshad Uwin، قوشۇمچە ئىسمى: Ersad Uwin، ئۇيغۇرچىسى: ئېرسەد ئۇۋۇن. بۇ ئۆتۈشمە ئارىلىقى يېقىن بولغان ئىككى ئۆتۈشمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار: (1) كىكى ئۇۋۇن — Kik-i-Uwin، تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 'N 36°54، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 74°08؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4877 مېتىر. (2) قىرغىزى ئۇۋۇن — Khrghiz-i-Uwin، تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 'N 36°03، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 74°08؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4890 مېتىر.

ئەھۋالى: بۇ يەردە ئىككى ئۆتۈشمە بولۇپ ئارىلىقى بىر كىلومېتىردىن ئاشمايدۇ. ئېگىز ئۆتۈشمە باشتا ئېچىلىدۇ چۈنكى بۇ يەرگە كۆچمە قارلار ئاز يىغىلىدۇ. ئۆتۈشمىنىڭ ۋاخان تەرىپىدە ئۆتۈشمە يول بىر مۇزلۇقتىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن يۈك بېسىلغان ئۇلاغنىڭ ئۆتۈشى قىيىن شۇڭا تۆۋەنكى ئۆتۈشمە ئېچىلغان ۋاقىتتا ئىككى ئۆتۈشمىگە نىسبەتەن تۆۋەنكى ئۆتۈشمە بىرقەدەر ياخشى. قىرغىز ئۆتۈشمىسى 7- ئايغىچە قار بىلەن قاپلىنىدۇ ۋە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كۆپ قىسىم قارلار ئېرىشكە باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ 10- ئايغىچە بۇ يەردىن ئۆتۈشكە بولىدۇ.

خورابۇرت ئۆتۈشمىسى — Khora Burt، قوشۇمچە ئىسمى: Khora Bort، ئۇيغۇرچىسى: خورابورت. تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك '36°50 N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 73°55؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4570 مېتىر.

ئەھۋالى: قار سەۋەبىدىن قىشتا ئېتىلىپ قالىدۇ. باھار ۋە كۈز پەسىللىرىدە بىر قانچە ھەپتە ئەتراپىدا ئېچىلىدۇ.

گارزان ئۆتۈشمىسى — Garzan، قوشۇمچە ئىسمى: Qalandar Uwin، ئۇيغۇرچىسى: قەلەندەر ئۇۋۇن. تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك '36°53 N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 73°52؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5250 مېتىر.

ئەھۋالى: خورابۇر بىلەن يانداش ئىشلىتىلىدۇ بىراق بۇ ئۆتۈشمە تىك ۋە ئۆتۈش قىيىن، بەك ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

دەرۋازا ئەن ئۆتۈشمىسى — Darwa-zo An، قوشۇمچە ئىسمى: -Shawita kh، ئۇيغۇرچىسى: شاۋىتاخ. تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك '36°53 N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 73°26؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4150 مېتىر.

ئەھۋالى: بۇ ئۆتۈشمىدىن ئۆتۈش بىروغىل ئۆتۈشمىسىدىن ئۆتكەنگە قارىغاندا ئاسان ھەم ئاز ئېتىلىپ قالىدۇ. بۇ ئۆتۈشمىدىن ئاساسەن ۋاخان بىلەن ياسىن (يەر ئىسمى) ئارىسىدا بېرىپ-كېلىپ تۇرۇدىغان تىجارەتچىلەر ئۆتىدۇ ۋە يۈك بېسىلغان ئۇلاغلارنىڭمۇ ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بار. بۇ يەرنىڭ ۋاخان تەرىپىدە سەرھەدكە بېرىشقا ئاسان بولغان بىر يول بار.

بىروغىل ئۆتۈشمىسى — تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك '36°53 N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 73°21؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3800 مېتىر.

ئەھۋالى: قارلار يۇمشاپ كەتكەن 3- ۋە 4- ئايلاردا قىسقا ۋاقىت ئېتىلىپ قالىدۇ، چاترالدىن بۇ ئۆتۈشمىگىچە بولغان يولنىڭ شارائىتى يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە يۈك بېسىلغان ئۇلاغنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى. بۇ يەردە ئىسمى يوق يەنە بىر ئۆتۈشمە بار بولۇپ، تەخمىنەن كوئوردېناتى شىمالىي كەڭلىك 'N 36°54، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 73°25؛ بۇ يەر بىروغىل ئۆتۈشمىسىگە قارىغاندا قولاي ۋە داۋاملىق ئوچۇق.

كانخۇن ئان ئۆتۈشمىسى — Kankhun An، تەخمىنەن كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 'N 36°53، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 73°05؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4940 مېتىر.

ئەھۋالى: پىيادە ماڭغۇچىلارغا 6- ئايدىن 9- ئايغىچە ماس كېلىدۇ، ئۇلاغلىق ھالەتتە 7- ۋە 8- ئايلاردا مېڭىش مۇۋاپىق. قات-قېتىدىن يېرىلىپ چاك كەتكەن مۇزلۇقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوچھىلى دولىچ ئۆتۈشمىسى — Ochhili Dolich، تەخمىنەن كوئوردېناتى شىمالىي كەڭلىك 'N 36°51، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 'E 72°51؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5288 مېتىر.

ئەھۋالى: پىيادە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن ئوچۇق، جەنۇب تەرىپى تىك تاغ ۋە قارلىق تاغ باغرى بىلەن تولۇپ كەتكەن؛ شىمال تەرىپى بەك تىك بولۇپ، تۆۋەنكى كەڭ كەتكەن مۇزلۇق. بۇ ئۆتۈشمە بەك تىك ۋە چوڭقۇر يېرىلغان مۇزلۇقلار بىلەن قورشالغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# جىھاد جەڭلىرى

■ 9- ئاينىڭ 29- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بېربېرى يېزىسىغا جايلاشقان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ مۇھىم بىر ئەسكىريي بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە قوماندانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 70 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 10 دىن ئارتۇقىنى يارىلاندۇرغان.

■ 9- ئاينىڭ 29- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتى بەگرام رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان، نەتىجىدە تانكا ئىچىدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 9- ئاينىڭ 30- كۈنى مىسىر مۇجاھىدلىرى مىسىر پايتەختى قاھىرەدىكى بىرما ھۆكۈمىتىنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئەتراپىدا قاتتىق پارتلىتىش ئېلىپ بارغان ھەمدە بۇنى «ئەراكاندىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن» دەپ بايانات ئېلان قىلغان.

■ 9- ئاينىڭ 31- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى بولغان فەيزاۋادتا مۇھەممەد ئاشۇر ئىسىملىك بىر نەپەر مۇجاھىد ئۆز قوماندانلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇجاھىدلار بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىگە بەيئەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇرتەد ئارمىيە بىلەن ئاخىرىغىچە جىھاد قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتى سەيياھ رايونىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان بۇندۇقىستان جىلغىسىنى فەتھ قىلغان. بۇ جىلغا 30 يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، مۇرتەد ئارمىيە ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئورۇن بولغاچقا، ئۇلار بۇ جىلغىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن 2 قېتىم ئىلگىرىلىگەن. ﷲ نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان.

■ 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام بىرلىكىنىڭ ئالاھىدە قىسىم مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان كاستىلو سانائەت رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە نۇسەيرىيە ئەسكەرلىرىدىن 16 نى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىرىنى يارىلاندۇرغان. قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئەمەلىيەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 10- ئاينىڭ 6- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان مەشرفە يېزىسى ۋە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ جەريانىدا مۇجاھىدلار 2 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ﷲ نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن مەشرفە يېزىسى فەتھ بولغان. يەنە شۇ كۈنى مۇجاھىدلار ئەبۇ دالى يېزىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئەتىسى بۇ يېزىنىمۇ فەتھ قىلغان. بەششار ئەسەد ئەسكەرلىدىن 97 نى ئۆلتۈرۈپ 59 نى يارىلاندۇرغان، 15 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان؛ 20 دانە ئەسكىريي ماشىنا، 6 دانە تانكا، 1 دانە زەمبىرەك ۋە 1 دانە BPM نى ۋەيران قىلغان. مۇجاھىدلار يەنە 1 دانە تانكا، 4 دانە 57mm لىق زەمبىرەك، 4 دانە شالاكا، 20 دىن ئارتۇق كىچىك تىپتىكى ماشىنا ۋە كۆپلىگەن مىقداردىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتى تۇرسۇكى رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى ئايروپىلانى بەگرام ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا ئەسكەر توشۇپ كېتىۋاتقاندا، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكى 10 نەچچە نەپەر ئەسكەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن.

■ 10- ئاينىڭ 7- كۈنى سومالىنىڭ جۇبا ۋىلايىتى جەلىب شەھىرىدە سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئىچىدىكى 4 نەپەر ئەسكەر قورال-ياراقلىرى بىلەن بىللە ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 10- ئاينىڭ 9- كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ناپا، لېك، سونوما، مىندوسىنو رايونلىرىدىكى ئورمانلىقلاردا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن. بۇ ئوت شامالنىڭ تەسىرىدە تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ بىر كۈن ئىچىدىلا 470 كۋادرات كىلومېتىر يەر كۆيۈپ كۈل بولغان، 3500 گە يېقىن ئولتۇراق بىنا ۋە تاللا بازار قاتارلىق ئورۇنلار ۋەيران بولغان. بۇ ئوت ئاپىتى كالىفورنىيە تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئوت ئاپىتى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ھازىرغىچە 23 نەپەر ئادەم ئۆلۈپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 9- كۈنى كەچتە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى بەشچىنكوت رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۇ رايوندىكى مۇھىم بىر ئەسكىريي ئورۇن ۋە بىر قانچە نۇقتىلارنى فەتھ قىلغان. ئۇندىن باشقا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 4 نى ئەسىر ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 10- كۈنى سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتىگە جايلاشقان تاجاۋۇزچى رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇمەيمىن ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا، رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ SU-24 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانى ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ئايروپىلاندىن «تېخنىكىلىق مەسىلە» كۆرۈلۈپ پارتلاپ كەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 10- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ۋاجىد شەھىرى ئەتراپىدا، ئېفئوپىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 10 نەچچە نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 10- ئاينىڭ 12- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۇرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. ﷲ نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كۈرەشلىگەن شەيتان قوشۇنلىرى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن ئاز بولمىغان زەربىلەرنى يەپ خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

### سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| عَفِيْفٌ | ئىپپەتلىك |
| نَجِيْبٌ | دانا، دانىشمەن |
| رَحِيْمٌ | ناھايىتى مېھرىبان |
| حَلِيْمٌ | مۇلايىم |
| رَفِيْقٌ | ھەمراھ |
| شَرِيْكٌ | شېرىك |
| مَلِكٌ | پادىشاھ |
| اَمِيْرٌ | ئەمىر، مەسئۇل |
| سَيِّدٌ | رەھبەر، ئىگە |
| عَزَبٌ | بويتاق كىشى |
| مُتَأَهِّلٌ | ئۆيلەنگەن |
| مَشْغُوْلٌ | ئالدىراش |

### جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| هُوَ رَجُلٌ عَفِيْفٌ جِدًّا | ئۇ ناھايىتى ئىپپەتلىك كىشى |
| هَذَا الْأَمِيْرُ رَجُلٌ نَجِيْبٌ | بۇ ئەمىر دانا كىشىدۇر |
| اللَّهُ رَحِيْمٌ | ﷲ ناھايىتى مېھرىباندۇر |
| أَخُوهُ حَلِيْمٌ | ئۇنىڭ ئاكىسى تولىمۇ مۇلايىم |
| رَفِيْقُهُ مُدَرِّسٌ | ئۇنىڭ ھەمراھى ئوقۇتقۇچى |
| اللَّهُ وَاحِدٌ لَا شَرِيْكَ لَهُ | ﷲ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر |
| فِي الْحَبَشَةِ مَلِكٌ عَادِلٌ | ھەبەشىستاندا بىر ئادىل پادىشاھ بار |
| اَلْقَلْبُ أَمِيْرٌ لِلْجَسَدِ | قەلب بەدەننىڭ ئەمىرىدۇر |
| رَسُولُ اللَّهِ ﷺ سَيِّدُ الْبَشَرِ | پەيغەمبەر ﷺ ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى |
| سَالِمٌ رَجُلٌ عَزَبٌ | سالىم بويتاق كىشى |
| هَذَا الطَّالِبُ مُتَأَهِّلٌ | بۇ ئوقۇغۇچى ئۆيلەنگەن |
| أَمِيْرُنَا مَشْغُوْلٌ جِدًّا | بىزنىڭ ئەمىر بەك ئالدىراش |

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىريي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ﷲ **تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### سەۋزە ئۆپكىنىڭ ياخشى دورىسى

قىش پەسلى ئۆپكە كېسىلى ئەڭ كۆپ قوزغىلىدىغان پەسىل بولۇپ، قىش پەسلىدە كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، زىققا قاتارلىق كېسەللەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەردىمۇ يۆتىلىش، كۆكرەك ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ شۇڭا قىشتا ئۆپكىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ناھايىتى مۇھىم.

سەۋزىنى كۆپ يەپ بېرىش ئۆپكىنى ئاسراشنىڭ ھەم ئوڭاي، ھەم ئەرزان ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۆپكىنىڭ زەخىملىنىشى كۆپىنچە كانايچە شىلىمشىق پەردىسىنىڭ زەخىملىنىشىدىن بولىدۇ. ۋىتامىن A كانايچە شىلىمشىق پەردىسى ھۈجەيرىلىرىنى ئاسراپ، كانايچىنىڭ نورماللىقى ۋە فۇنكسىيىسىنى ساقلايدۇ شۇنداقلا شىلىمشىق پەردىنى باكتېرىيىنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدىغان بولغاچقا ئۆپكىنىڭ ساغلاملىقىغا ياردىمى زور بولىدۇ. سەۋزە تەركىبىدە كاروتىن مول بولۇپ، ئادەم تېنىدە ۋىتامىن A نى ھەسسىلەپ پارچىلايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سەۋزە ۋىتامىن A نى تولۇقلاشتىكى ئەڭ ياخشى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ شۇڭا كۈندە بىر باش سەۋزە يەپ بەرگەندە نەپەسلىنىش سىستېمىسىغا، بولۇپمۇ ئۆپكىگە پايدىلىق بولۇپ، ئۆپكىنى قوغدايدۇ (إن شَاء الله).

كاروتىن نۇر ۋە ئوكسىگېنغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت كۈن نۇرىدا تۇرغاندا ئوكسىدلىنىپ پارچىلىنىدۇ شۇڭا يېيىشكە تەييارلاپ قويغان سەۋزىنى ئوچۇقچىلىقتا ئۇزۇن ۋاقىت قويماستىن، ئەڭ ياخشىسى بىر قېتىمدىلا يەۋېتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، كاروتىن ياغدا ئېرىيدىغان ماددا بولغاچقا، سەۋزىنى قورۇپ يېيىش ياكى شورپىغا سېلىپ يېيىش تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.



## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى شېئىريي تېپىشماقنى تېپىڭ:

كۆمسەم كۆمۈلمەس،
تەپسەم تەۋرىمەس.
ماڭسام ماڭىدۇ،
تۇرسام تۇرىدۇ.



2. بۇ تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

ئىشىكىگە ئوت قويساڭ،
ئوت ئالىدۇ ئۆي ئىچى.
ئوت كەتكەننى كۆرسىمۇ،
ئۆچۈرمەيدۇ ھېچ كىشى.



3. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

قۇرئان كەرىمدە پەقەت بىرلا ساھابىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، ئۇ ساھابە كىم؟



ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. توپ.
2. كالپۇك.
3. ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيۈش.